# 103433 - تار كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

تار كېيىم بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ، تار كېيىم كىيگەن كىشى جامائەت بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇسا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئوخشاشلا تار كىيىملەرنى كىيىشى مەكروھ بولىدۇ، توغرىسى كېيىم-كېچەكلەر پۈتۈن بەدەن شەكلى ۋە ئەۋرەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان دەرىجىدە تار بولماسلىقى، بەك كەڭرىمۇ بولماسلىقى ئوتتۇرھال بولۇشى كېرەك. ئەمما تار كىيىمدە ناماز ئوقۇغان بولسا، ناماز سەھىھ بولىدۇ، يەنى ئەۋرىتىنى ياپقان بولسا، لېكىن مۇئمىن ئەر-ئاياللارنىڭ بۇنداق تار كىيىملەرنى كېيىشنى ئادەت قىلىۋېلىشى ياخشى كۆرەلمەيدۇ، ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى بەك تارمۇ بولماستىن ۋە بەك كەڭرىمۇ بولماستىن ئوتتۇرىھال كىيىم كىيىشى كېرەك".

["شەيخ بىن باز پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 29-توم 217-بەت].